### مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ بۇيرۇق ئىمزالاپ

# «ئارمىيە بىخەتەرلىك باشقۇرۇش نىزامى»نى ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12-ئاينىڭ 16-كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر لىيۇ جىمبى) مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا بۇيرۇق ئىمزالاپ، يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «ئارمىيە بىخەتەرلىك باشقۇرۇش نىزامى»نى ئېلان قىلدى، 2020-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «ئارمىيە بىخەتەرلىك باشقۇرۇش نىزامى»دا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ھەربىي كومىتېت رەئىسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيەنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىش كۆزلىنىپ، دىققەت ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئومۇميۈزلۈك قاتتىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، بىخەتەر تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، بىخەتەرلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىلدى، بۇ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئارمىيە بىخەتەرلىك باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىپ، ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ بىخەتەرلىك ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، قىسىمنىڭ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «ئارمىيە بىخەتەرلىك باشقۇرۇش نىزامى» جەمئىي 15 باب، 139 ماددا بولۇپ، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە سىستېما بويىچە بىرتۇتاش پىلانلايدىغان، ئىش تەقسىملەپ مەسئۇل بولىدىغان، دائىرىسى ئېنىق بولغان رەھبەرلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ شەكىللەندۈرۈش كۆزلىنىپ، ئۇرۇش ئۈچۈن تۇتۇش-باشقۇرۇشنى روشەن يۆنىلىش قىلىش يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، بىخەتەرلىك تەربىيەسى، بىخەتەرلىك مەشىقىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ۋە تەشكىللەش ئۇسۇلى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، بىخەتەرلىك ئۇل قۇرۇلۇشى، بىخەتەرلىكنى تەھلىل قىلىپ مۆلچەرلەش، بىخەتەرلىك خەۋپ-خەتىرىنى باھالاش ۋە بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش، بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇشنىڭ كونكرېت تەلىپى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى قېلىپلاشتۇرۇلدى ھەم ھادىسە دەرىجىسىنى تۈرگە ئايرىش ۋە ھادىسىنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىش، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش قاتارلىق مەزمۇنلار قېلىپلاشتۇرۇلۇپ بىرلىككە كەلتۈرۈلدى؛ مەۋقە قىسىمنىڭ بىخەتەرلىك باشقۇرۇش يېڭى ئەمەلىيىتىگە قويۇلۇپ، كۆپ تۈرلۈك بىخەتەرلىك باشقۇرۇش تۈزۈمى تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك بىخەتەرلىك خەۋپ-خەتىرى، يوشۇرۇن خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش، ئارمىيە بىخەتەرلىك باشقۇرۇشىنىڭ كەسپىيلىشىش، ئىنچىكىلىشىش، ئىلمىيلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە قىلىندى.

---

(بېشى 1-بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى چېن شى كۆرۈشۈشكە قاتناشتى ھەم تەقدىرلەش يىغىنىدا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئالىيجاناب روھىغا زور كۈچ بىلەن ۋارىسلىق قىلىپ، دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان كادىرلار ئىلغار كوللېكتىپى ۋە ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئۆگىنىپ، ئەۋج ئالدۇرۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشقا، مەۋقەنى ئۆز خىزمىتىگە قويۇپ، تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

يىغىندا 150 دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان كادىرلار ئىلغار كوللېكتىپى ۋە 450 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى، شاڭخەي شەھىرىنىڭ پۇدۇڭ يېڭى رايونى شياڭگاڭ يېڭى كەنتى كوچا باشقارمىسى «ئىككى بومبا، بىر سۈنئىي ھەمراھ» ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى چېن فۇلياڭ، خۇبېي ئۆلكىلىك ھەربىي رايون ۋۇخەن خىزمەتتىن ئايرىلغان كادىرلار ئىككىنچى دەم ئېلىش ئورنىدىن دەم ئېلىشقا چىققان كادىر ما شۇ، خېيلوڭجياڭ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىدىن پېنسىيەگە چىققان كادىر سۇي داۋجى ئايرىم-ئايرىم ھالدا يىغىندا سۆز قىلدى.

دىڭ شۆشياڭ، شۈ چىلياڭ، خۇ چۈنخۇا ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزاسى مياۋ خۇا كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

---

(بېشى 1-بەتتە)

خەلقنىڭ قىيىنچىلىقنى ئازايتىڭىز، جەمئىيەتنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىڭىز. سىزنىڭ شياڭگاڭنىڭ پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە نامايان قىلغان جاسارىتىڭىز ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىڭىزنى مەركەز تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 11-ئاينىڭ 14-كۈنى مەن بىرازىلىيەدە كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 11-قېتىملىق ئۇچرىشىشىغا قاتناشقان مەزگىلدە سۆز قىلىپ، مەركەزنىڭ شياڭگاڭ ۋەزىيىتىگە بولغان ئاساسىي مەيدانى ۋە پوزىتسىيەسىنى بىلدۈردۈم. بىزنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىنى قوغداش ئىرادىمىز قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئىرادىمىز قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ، ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ شياڭگاڭنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇش ئىرادىمىز قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنداق بىلدۈردى: بىز سىزنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشگە يېتەكچىلىك قىلىشىڭىزنى داۋاملىق قەتئىي قوللايمىز، شياڭگاڭ ساقچى تەرەپنىڭ قانۇننى كەسكىن، ئادىل ئىجرا قىلىشىنى قەتئىي قوللايمىز، ۋەتەننى سۆيىدىغان، شياڭگاڭنى سۆيىدىغان كۈچلەرنى قەتئىي قوللايمىز، ھەم شياڭگاڭ جەمئىيىتىدىكى ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، شياڭگاڭنىڭ تەرەققىياتىنىڭ قايتىدىن نورمال ئىزغا چۈشۈشىگە ئورتاق تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

خەن جېڭ، دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، گو شېڭكۈن، يوۋ چۈەن قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

---

## ئاپتونوم رايون ھايۋاناتلاردىكى ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتى تېلېۋىزىيە-تېلېفون يىغىنى ئاچتى

مۇخبىرىمىز **خېي خۇڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: 12-ئاينىڭ 16-كۈنى، ئاپتونوم رايون ھايۋاناتلاردىكى ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتى تېلېۋىزىيە-تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، 2019-يىللىق پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ھايۋاناتلاردىكى ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلىدى، بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازدىكى ئالاقىدار خىزمەتلەرنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىن بۇ يىلقى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ھايۋاناتلاردىكى ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى. يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار مەسئۇلىيەتنى قاتلاممۇقاتلام چىڭىتىپ، ھايۋاناتلاردىكى ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ يۈزبېرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى، ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىممۇنىتېت ئۈنۈمىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، باقمىچىلىق مەيدانى ئىگىسىنىڭ سوبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سويۇشنى باشقۇرۇشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، «ئومۇميۈزلۈك تازىلاش، ئومۇميۈزلۈك دېزىنفېكسىيەلەش» مەخسۇس ھەرىكىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇپ، باقمىچىلىقتا «يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى قېلىپلاشتۇرۇش»قا تۈرتكە بولۇپ، بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازدىكى ھايۋاناتلاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ھەققىي ياخشى قانات يايدۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار ھايۋاناتلاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتى، قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتى، تېخنىكا تىرەك تارماقلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ ئاپپاراتنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ھايۋاناتلاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش سىستېمىسىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇشنى تېزلىتىشى كېرەك؛ ئۇچۇرنى پائال، تەشەببۇسكار، توغرا، ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، ھايۋاناتلاردىكى ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشى كېرەك؛ ئۆلچەملەشكەن، كۆلەملىك باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن بىخەتەر تەمىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، كالا، قوي گۆشى ۋە چوشقا گۆشى بىلەن مۇقىم تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

---

## كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ نۇقتىلىق ۋەزىپىلىرىنى جاسارەت بىلەن ياخشى ئورۇندايلى

(بېشى 1-بەتتە)

جەزمەن خەلق تۇرمۇشى، بولۇپمۇ قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كېلەر يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ كۆزلىمە نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈنچە ئاسان ئەمەس، جەزمەن مۇقىم بولۇشنى باش ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاكتىپ مالىيە سىياسىتى ۋە پۇختا، ئىشەنچلىك پۇل سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇش كېرەك. يېڭى دەۋردە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا، جەزمەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. خەۋپ-خەتەر، خىرىس ئالدىدا، جەزمەن زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆز ئىشىنى ياخشى قىلىپ، «تۈمەنلىگەن جاپا-مۇشەققەتتىمۇ يەنىلا قەيسەر تۇرۇپ، كۆرمىگەنلىگان جاپا-مۇشەققەت، زەربىلەرگە ئەگمىدۇق باش، سوقسىمۇ بوران-چاپقۇن، ھېلىھەم تۇردۇق مانا ياپياش» بولۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ نۇقتىلىق ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئورۇنداشتا، «قانداق ئىشلەش» مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چىڭ تۇتۇپ تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، دىققەت-ئېتىبارنى ھەرخىل تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىكىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكەللىكىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ باسقۇچ خاراكتېرلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، سىستېما خاراكتېرلىك خەۋپ-خەتەر يۈزبەرمەسلىكنىڭ تۆۋەن چېكىنى قەتئىي ساقلاش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىدىكى چوڭ ئىش، قىيىن ئىش، جىددىي ئىشنى چۆرىدەپ، دەل جايىدا كۈچەپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ھاللىق پەيتلەردە، قىيىنچىلىقى بار توپنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكلىكى، قاراتمىلىقى، ئۈنۈملۈكلۈكىنى ئۆستۈرۈپ، تەتۈر دەۋرىيلىك تەڭشەش قورالىدىن ياخشى پايدىلىنىش كېرەك. مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش، ئۆستۈرۈش، راۋانلاشتۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئىككى چاق قىلىپ، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك. سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك بازار سىستېمىسى قۇرۇشنى تېزلىتىش كېرەك. «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ئىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ-خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مىڭ يىللىق مەنزىلىنىڭ، مىليونلىغان خەلقنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىدىن، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىدا ئاچقۇچلۇق بىر قەدەم تاشلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە، دۇنيا تارىخىدا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىمۇ مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ نۇقتىلىق ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئورۇنداپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانىنى قەرەلىدە ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، دەۋرگە مۇناسىپ، خەلققە مۇناسىپ، تارىخقا مۇناسىپ نەتىجىلەرنى يارىتىپ، يېڭى مۇساپىدە تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ گۈزەل سەھىپىنى پۈتۈپ چىقايلى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12-ئاينىڭ 16-كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

**شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە**

يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

## ئاپتونوم رايونىمىز ساغلام شىنجاڭ ھەرىكىتىنى يولغا قويدى

### 15 تۈرلۈك مەخسۇس ھەرىكەت ئارقىلىق ئاممىنىڭ ساغلاملىقى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغدالدى

مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئاممىنىڭ ساغلاملىقىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش ئۈچۈن، 12-ئاينىڭ 16-كۈنى ئاپتونوم رايونىمىز ساغلام شىنجاڭ ھەرىكىتىنى (2019-يىلىدىن 2030-يىلىغىچە) رەسمىي يولغا قويدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ساغلاملىقىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك 15 تۈرلۈك مەخسۇس ھەرىكەت ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

ئىگىلىنىشچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە-ساغلاملىق كومىتېتى باش بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى، تەنتەربىيە ئىدارىسى قاتارلىق 30 نەچچە تارماق بىلەن بىرلىشىپ، شىنجاڭدىكى ساغلاملىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئامىللار، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنىڭ ساغلاملىقى ۋە ئاساسلىق ساغلاملىق مەسىلىلىرىگە قارىتا، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ھۆججىتىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ يولغا قويدى، ئارىلاشتى. 11-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «ساغلام شىنجاڭ ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ساغلام شىنجاڭ ھەرىكىتىنى ئالغا سىلجىتىش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ساغلام شىنجاڭ ھەرىكىتى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە-ساغلاملىق كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لىيۇ جيەنگو تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ساغلام شىنجاڭ ھەرىكىتى ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، بىلىمنى ئومۇملاشتۇرۇش، ساپانى ئۆستۈرۈش، ئۆز-ئۆزىگە تەلەپچان بولۇش، ساغلام تۇرمۇش كەچۈرۈش، دەسلەپىدە ئارىلىشىش، مۇلازىمەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئومۇم خەلق قاتنىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش ئاساسىي پرىنسىپى بويىچە، دىققەتنى شىنجاڭدىكى ئاممىنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ھازىرقى ئاساسلىق مەسىلە ۋە نۇقتىلىق كېسەللەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تاماكا چېكىشنى كونترول قىلىش، راك كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش، يۈرەك، مېڭە، قان تومۇر كېسەللىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 15 تۈرلۈك مەخسۇس ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇپ ھەم تۈرلۈك مەخسۇس ھەرىكەتتە مېيىپلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ساغلاملىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇلازىمىتى، نامرات رايونلاردىكى نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنىڭ ساغلاملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئالاقىدار تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

لىيۇ جيەنگو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «ساغلام شىنجاڭ ھەرىكىتى» «ساغلام شىنجاڭ» نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ «يول خەرىتىسى» ۋە «قۇرۇلۇش قىلىش خەرىتىسى». ھەرقايسى جايلار خىزمەت مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، سېلىنما كاپالىتىنى زورايتىپ، ساغلام شىنجاڭ ھەرىكىتىنى داۋالاش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك سىياسەتلەرگە سىڭدۈرۈپ، ساغلاملىق، تەربىيە ۋە ئالدىنى ئېلىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ساغلاملىق تەربىيەسى سىستېمىسىنى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، ساغلاملىق بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئاممىنى توغرا ساغلاملىق قارىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، بالدۇر ئارىلىشىشنى كۈچەيتىپ، ساغلاملىققا پايدىلىق تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ۋە جەمئىيەت مۇھىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

شۇ كۈندىكى ساغلام شىنجاڭ ھەرىكىتىنى باشلاش مۇراسىمىدا، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى، تەنتەربىيە ئىدارىسى، ئالدىنى ئېلىش تېببىي جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار، تارماقلار يەنە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاھالىلەرنىڭ ساغلام بولمىغان يېمەك-ئىچمەك ئادىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلارغا قارىتا مۇناسىپ تەشەببۇسنامە چىقاردى.

---

(بېشى 1-بەتتە)

سۆھبەت يىغىنىدا كۆپچىلىك كەڭ-كۇشادە پىكىر بايان قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەم ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشنى يولغا قويۇش، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، كەسپىي مائارىپنى ئالغا سىلجىتىش، مەھەللە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ھاۋا-تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورتنى تېزلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە پىكىر-تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: بىر ياخشى دوكلات ھەر ساھە زاتلار كۆڭۈل بۆلگەن ۋە قاتناشقان دوكلات بولۇشى، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتى، ئارزۇسى ۋە تەلىپىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەن دوكلات بولۇشى كېرەك. كۆپچىلىك ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر-تەكلىپلەردە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا ئائىت تۈرلۈك ئىشلاردىكى چوڭقۇر ئويلىنىشلىرى گەۋدىلەندى، بۇ بىزنىڭ دوكلاتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىزگە، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى سىجىل ياخشىلىشىمىزغا پايدىلىق. بىز ئەستايىدىل رەتلەپ، تەتقىق قىلىپ، تولۇق قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر ياخشى دوكلاتنى تەرتىپ شەكىللەندۈرىمىز.

شۆھرەت زاكىر دوكلاتنىڭ تەييارلىنىش ئەھۋالى ھەم بۇ يىللىق ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، كېلەر يىللىق خىزمەتلەر توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئويلىنىشنى تونۇشتۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى: 2019-يىلى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ھەم ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19-قۇرۇلتىيى ۋە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 2-، 3-، 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ «1 + 3 + 3 + ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ھەقىقىي تۈردە مۇقىملىق، تەرەققىياتقا ئائىت تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد يۈكسەلگەن، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلانغان، خاتىرجەم ياشايدىغان ياخشى ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 2020-يىلى «13-بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىدىغان، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئاچقۇچلۇق يىل، شۇنداقلا «14-بەش يىل»لىق تەرەققىيات ۋە ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياخشى ئاساس سېلىنىدىغان يىل، بۇنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتە ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر-ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىقنىڭ پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك. كۆپچىلىكنىڭ داۋاملىق ئەقىل پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، قوللىشىنى، پايدىلىق چارە-تەدبىر كۆرسىتىشىنى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.